# جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى يىغىن ئاچتى

(بېشى 1 - بەتتە)

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت ئىستراتېگىيەلىك پۈتۈن ۋەزىيەت ۋە دۇنيادا 100 يىلدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىنى كۆزلەپ، پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنى سىجىل ئالغا سىلجىتىپ، پارتىيە ۋە دۆلەت ئاپپاراتلىرى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ سىياسىي قۇرۇلۇشى، ئىدىيەۋى قۇرۇلۇشى، تەشكىلىي قۇرۇلۇشى، پارتىيە ئىستىلى - پاكلىق قۇرۇلۇشىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجە - ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈردى. كۆزىتىش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى پارتىيە گۇرۇپپىلىرى(پارتىيە كومىتېتلىرى)نىڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش پوزىتسىيەسى تېخىمۇ ئاكتىپ بولۇپ، پارتىيەنى باشقۇرۇش، پارتىيەنى ئىدارە قىلىش مەسئۇلىيەت ئېڭى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆسۈپ، پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشتا سىجىل يۇقىرى ئۆرلەش، ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىشتەك ھالەت بارلىققا كېلىپ، تۈرلۈك خىزمەتلەردە يېڭى پائال ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈرۈپ، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش كۈرىشى ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەتنىڭ نورمال ئايلىنىشىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە مەسئۇلىيىتىنى پائال ئادا قىلىپ، خىزمەتلەرنى پۇختا ئىشلىگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يېڭى دەۋر، يېڭى ۋەزىيەت، يېڭى تەلەپ ئالدىدا يەنە بىر قىسىم گەۋدىلىك مەسىلىلەر ساقلانماقتا، بۇنىڭغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، تۈزىتىش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە قىيىنغا تېگىش قىلىپ، تۈزىتىشتىكى سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيەتنى چىڭىتىپ، كۈندىلىك نازارەتچىلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تۈزىتىشنى تۇتۇشنى كۈندىلىك خىزمەتلەرگە سىڭدۈرۈش، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا سىڭدۈرۈش، پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشقا سىڭدۈرۈش، بەنزە قوشۇنى قۇرۇلۇشىغا سىڭدۈرۈش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئىزچىللاشتۇرىدىغان، ئەمەلىيلەشتۈرىدىغان «ئەڭ دەسلەپكى بىر كىلومېتىر»، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئۆگىنىپ ئىگىلەش، پۇختا ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئىشلەشكە كۈچ سەرپ قىلىپ، ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ ئىجادىي ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە كۈچ سەرپ قىلىپ، پارتىيەنىڭ يېڭىلىق يارىتىشچان نەزەرىيەسىنى ئاڭلىق قوللىنىپ كالللىنى قوراللاندۇرۇپ، ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىپ، خىزمەتلەرگە تۈرتكە بولۇپ، يېڭى دەۋر، يېڭى ۋەزىيەت، يېڭى تەلەپكە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ماسلىشىپ، پارتىيە ۋە دۆلەت يۈكلىگەن فۇنكسىيە، ۋەزىپە - مەسئۇلىيەتنى چوڭقۇر تونۇپ، «ئىككى چوڭ ۋەزىيەت»نى قەلبىگە پۈكۈپ، بۇرچ ئېڭى ۋە سىياسىي مەسئۇلىيەتچانلىقنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىش ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك. ئىسلاھاتتىكى سىياسىي ئاڭلىقلىق ۋە ھەرىكەت ئاڭلىقلىقىنى باشلامچىلىق بىلەن كۈچەيتىپ، ئىسلاھاتنى ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش تۈرلۈك تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاپپارات ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش نەتىجىلىرىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەپ، سىستېمىلىق، توپلاشقان، ماس، يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىش قۇرۇلۇشىنى پۇختا ئالغا سىلجىتىش كېرەك. پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشتىكى سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيەت ۋە نازارەتچىلىك مەسئۇلىيىتىنى قەتئىي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بېسىمنى قاتلاممۇقاتلام يەتكۈزۈپ، «قاتتىق بولۇش» باش رىتىمدا ئۇزاققىچە چىڭ تۇرۇپ، ھوقۇقنى نازارەت قىلىش - چەكلەش مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، تاكامۇللاشتۇرۇپ، «تۆت خاھىش»نى، بولۇپمۇ شەكلىۋازلىق، بىيۇروكراتلىق مەسىلىلىرىنى سىجىل تۈزەش كېرەك. يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ تەشكىلىي لۇشيەنىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، رەھبەرلىك بەنزىسى قۇرۇلۇشى، كادىرلار، ئىختىساسلىقلار قوشۇنى قۇرۇلۇشى ۋە ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرىنى سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىدىغان، ئىنتىزامغا رىئايە قىلىدىغان، مەسئۇلىيەتچان، ئۈنۈملۈك نەمۇنىلىك ئورگان قىلىپ قۇرۇپ چىقىش كېرەك.

يىغىندا يەنە باشقا ئىشلار تەتقىق قىلىندى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاسراشنىڭ تۆھپىسى ھازىرقىلارغا، پايدىسى كېيىنكىلەرگە بولىدۇ. بېيجىڭدىكى 10 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن ئارتۇق تاغلىق رايون پايتەختنىڭ مۇھىم ئېكولوگىيە توسۇقى ۋە سۇ مەنبەسى مۇھاپىزەت رايونى بولۇپ، ئورنى ئىنتايىن مۇھىم. مەن ئىزچىل مىيۈن سۇ ئامبىرىنى ئېسىمدىن چىقارماي كەلدىم. ئەينى يىلى مىيۈن سۇ ئامبىرىنى قۇرۇش كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش، ھۆلچىلىكتىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن ئىدى، ھازىر ئۇ بېيجىڭدىكى مۇھىم يەر ئۈستى ئىچىدىغان سۇ مەنبەسى، سۇ بايلىقى ئىستراتېگىيەلىك زاپاس بازىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، بىباھا گۆھەرگە ئايلاندى. سىلەرنىڭ غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قوشۇپ، ئىشتا نەتىجە قازىنىشقا ماھىر بولۇپ، مىيۈن سۇ ئامبىرىنى داۋاملىق ياخشى قوغداپ، گۈزەل بېيجىڭ بەرپا قىلىش ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىنى ئىستراتېگىيەلىك ۋەزىپە سۈپىتىدە تۇتۇپ، ئېكولوگىيەنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، يېشىل تەرەققىي قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئېكولوگىيەنى ساقلاش رايونى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئېكولوگىيە تۆلەم تولۇقلىمىسى مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ۋەتىنىمىزنىڭ سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغلىرىنى ئورتاق ياخشى قوغدىشى كېرەك.

1958 - يىلى، چاۋبەيخې دەرياسىنىڭ سۇ ئاپىتىنى تۈگىتىش، بېيجىڭ - تيەنجىن رايونىنىڭ سۇ قەھەتچىلىكىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، بېيجىڭ - تيەنجىن - خېبېيدىكى 200 مىڭ كىشىلىك قۇرۇلۇش چوڭ قوشۇنى يەنشەن تېغى ئېتىكىدە جەڭ قىلىپ، مىيۈن سۇ ئامبىرى قۇرۇپ، «بىر يىلدا كەلكۈننى توسۇش، ئىككى يىلدا پۈتكۈزۈش» نىشانىنى ئىشقا ئاشۇردى. 1960 - يىلى پۈتكەندىن كېيىن، مىيۈن سۇ ئامبىرى كەلكۈننى توسۇپ سۈيىنى ساقلاش، ئېتىز - ئېرىقلارنى سۇغىرىش، شەھەرنى سۇ بىلەن تەمىنلەش، توك چىقىرىش قاتارلىق ئىقتىدارلىرىنى جارى قىلدۇردى، 1985 - يىلى ئاساسلىقى پايتەختنى تۇرمۇشقا كېرەكلىك سۇ بىلەن تەمىنلەشكە ئۆزگەرتىلدى. پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، بېيجىڭ شەھىرى، مىيۈن رايونى «سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنىڭ ئۆزى بىر بايلىق» دېگەن تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشتە چىڭ تۇرۇپ، سۇغا كاپالەتلىك قىلىش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش تەدبىرلىرىدە ئۈزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىپ، ھەر تەرەپلىمە ئىستېرېئولۇق باشقۇرۇش، تىزگىنلەش ۋە قوغداشنى يولغا قويۇپ، پايتەختنىڭ سۇ مەنبەسى بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

ئادەمنى قانداق تەربىيەلەش، كىم ئۈچۈن ئادەم تەربىيەلەشتىن ئىبارەت بۇ تۈپ مەسىلىنى ياخشى ھەل قىلىش. ئىدىيەۋى - سىياسىي نەزەرىيە دەرسىنى ياخشى يولغا قويۇشتا، ماركسىزم نەزەرىيەسى تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇپ، يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ئارقىلىق روھنى تاۋلاپ ئادەم تەربىيەلەپ، ئوقۇغۇچىلارنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يول ئىشەنچى، نەزەرىيە ئىشەنچى، تۈزۈم ئىشەنچى، مەدەنىيەت ئىشەنچىنى كۈچەيتىشكە يېتەكلەپ، ئۇلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتىنى پۇختا يېتىلدۈرۈپ، ۋەتەننى سۆيۈش ھېسسىياتى، دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئىرادىسى، ۋەتەنگە جاۋاب قايتۇرۇش ھەرىكىتىنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش كۈرىشىگە ئاڭلىق سىڭدۈرۈش كېرەك.

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ئىدىيەۋى - سىياسىي نەزەرىيە دەرسىنى ياخشى يولغا قويۇشتا، دۇنيادا 100 يىلدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتى، پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات پۈتۈن ۋەزىيىتىگە قويۇپ قاراش كېرەك، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ مۇئامىلە قىلىش كېرەك. پارتىيەمىز جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئۇلۇغۋار ئىشلىرى ئۈچۈن ئىرادە تىكلەشتە، جەزمەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى ھىمايە قىلىدىغان، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىشلىرى ئۈچۈن ئۆمۈرۋايەت جاسارەت بىلەن كۈرەش قىلىشقا ئىرادە باغلايدىغان ياراملىق ئىختىساسلىقلارنى ئەۋلادمۇئەۋلاد يېتىشتۈرۈشى كېرەك. داشۆ، ئوتتۇرا مەكتەپ، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە تەدرىجىي، قەدەممۇقەدەم ھالدا ئىدىيەۋى - سىياسىي نەزەرىيە دەرسى تەسىس قىلىش ئىنتايىن زۆرۈر، بۇ، سوتسىيالىزمنىڭ ئەۋلادمۇئەۋلاد قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىزباسارلىرىنى يېتىشتۈرۈشنىڭ مۇھىم كاپالىتى.

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ئىدىيەۋى - سىياسىي نەزەرىيە دەرسىنى ياخشى سۆزلەش ئاسان ئەمەس، چۈنكى بۇ دەرسكە قويۇلىدىغان تەلەپ يۇقىرى. «ئىلىم ئەھلىنى تېپىش ئاسان، ھەقىقىي ئۇستاز بولالايدىغىنىنى تېپىش تەس.» ئىدىيەۋى - سىياسىي نەزەرىيە دەرسىنى ياخشى يولغا قويۇشنىڭ ئاچقۇچى ئوقۇتقۇچىلاردا، ئاچقۇچى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئاكتىپلىقى، تەشەببۇسكارلىقى، ئىجادچانلىقىنى جارى قىلدۇرۇشتا. ئىدىيەۋى - سىياسىي نەزەرىيە دەرس ئوقۇتقۇچىلىرى ئوقۇغۇچىلارنىڭ قەلبىگە چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىكنىڭ ئۇرۇقىنى يىلتىز تارتقۇزۇپ، ئوقۇغۇچىلارنى كىشىلىك ھاياتتىكى تۇنجى تۈگمىنى ياخشى ئېتىشكە يېتەكلىشى كېرەك. بىرىنچى، سىياسىيدا كۈچلۈك بولۇش كېرەك، ئېتىقادلىق كىشىلەرنى ئېتىقادقا ئەھمىيەت بېرىدىغان قىلىش كېرەك. ئىككىنچى، مۇھەببەت چوڭقۇر بولۇش كېرەك، ئائىلە دۆلەت مۇھەببىتى، ئىلىم تارقىتىش مۇھەببىتى، مېھرىبانلىق مۇھەببىتى بولۇشى كېرەك. ئۈچىنچى، تەپەككۇر يېڭى بولۇش كېرەك، دىيالېكتىكىلىق ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزمنى ئۆگىنىپ، دەرسخانا ئوقۇتۇشىدا يېڭىلىق يارىتىش كېرەك. تۆتىنچى، نەزەر دائىرە كەڭ بولۇش كېرەك، بىلىم نەزەر دائىرىسى، خەلقئارا نەزەر دائىرىسى، تارىخىي نەزەر دائىرىسى بولۇش كېرەك. بەشىنچى، تەلەپچان بولۇشتا قاتتىق بولۇش كېرەك، دەرستە ۋە دەرستىن چۈشكەندە بىردەك بولۇش، تور ۋە تور سىرتىدا بىردەك بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. ئالتىنچى، پەزىلەت دۇرۇس بولۇش كېرەك، ئالىيجاناب پەزىلەت ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنى تەسىرلەندۈرۈش، ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇش كېرەك.

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ئىدىيەۋى - سىياسىي نەزەرىيە دەرسى ئىسلاھاتتا يېڭىلىق يارىتىشقا تۈرتكە بولۇپ، ئىدىيەۋى - سىياسىي نەزەرىيە دەرسىنىڭ ئىدىيەۋىلىكى، نەزەرىيەۋىلىكى ۋە يېقىنلىقى، قاراتمىلىقىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش كېرەك. ئىدىيەۋى - سىياسىي نەزەرىيە دەرسى ئىسلاھاتىدا يېڭىلىق يارىتىشقا تۈرتكە بولۇشتا تۆۋەندىكى بىرقانچە «بىرلىك»نى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. سىياسىيلىق بىلەن ئىلمىيلىكنىڭ بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇش؛ قىممەت خاراكتېرى بىلەن بىلىم خاراكتېرىنىڭ بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇش؛ ئىجابىيلىق بىلەن تەنقىدىيلىكنىڭ بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇش؛ نەزەرىيەۋىلىك بىلەن ئەمەلىيەتچانلىقنىڭ بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇش؛ بىردەكلىك بىلەن خىلمۇخىللىقنىڭ بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇش؛ يېتەكچىلىك بىلەن سۇبيېكتلىقنىڭ بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇش؛ سىڭدۈرۈشچانلىق بىلەن قوزغىتىشچانلىقنىڭ بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇش؛ ئاشكارا تەربىيە بىلەن يوشۇرۇن تەربىيەنىڭ بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇش كېرەك.

ماقالىدە مۇنۇلار تەكىتلەندى: پارتىيەنىڭ ئىدىيەۋى - سىياسىي نەزەرىيە دەرسى قۇرۇلۇشىغا بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ئىدىيەۋى - سىياسىي نەزەرىيە دەرسى قۇرۇلۇشىنى مۇھىم كۈنتەرتىپكە قويۇپ، خىزمەت ئەندىزىسى، قوشۇن قۇرۇلۇشى، قوللاش، كاپالەتلەندۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىشى كېرەك. پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن جەمئىيەتتە ئىدىيەۋى - سىياسىي نەزەرىيە دەرسىنى تىرىشىپ ياخشى يولغا قويىدىغان، ئوقۇتقۇچىلار ئەستايىدىللىق بىلەن ئىدىيەۋى - سىياسىي نەزەرىيە دەرسىنى ياخشى سۆزلەيدىغان، ئوقۇغۇچىلار ئاكتىپلىق بىلەن ئىدىيەۋى - سىياسىي نەزەرىيە دەرسىنى ياخشى ئۆگىنىدىغان ياخشى كەيپىيات شەكىللەندۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك. مەكتەپ پارتىيە كومىتېتى قاتتىق باشقۇرۇشنى ئىلمىي ئىدارە قىلىش بىلەن بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇشى، مەكتەپ پارتىيە كومىتېتى شۇجىسى، مەكتەپ مۇدىرى باشلامچىلىق بىلەن دەرسخانىغا كىرىپ، باشلامچىلىق بىلەن ئىدىيەۋى - سىياسىي نەزەرىيە دەرسى قۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇپ، باشلامچىلىق بىلەن ئىدىيەۋى - سىياسىي نەزەرىيە دەرسى ئوقۇتقۇچىلىرى بىلەن ئالاقىلىشىشى كېرەك. داشۆ، ئوتتۇرا مەكتەپ، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئىدىيەۋى - سىياسىي نەزەرىيە دەرسىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىنى بىر تۈرلۈك مۇھىم قۇرۇلۇش سۈپىتىدە بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، ئىدىيەۋى - سىياسىي نەزەرىيە دەرسى قۇرۇلۇشىنىڭ ماھىيەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. ھەرقايسى رايونلار، ھەرقايسى تارماقلاردىكى مەسئۇل يولداشلار ئاكتىپلىق بىلەن مەكتەپلەرگە بېرىپ، ئىدىيەۋى - سىياسىي نەزەرىيە دەرسى سۆزلىشى كېرەك.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: يۇقۇم ئۇزاق مۇددەتلىك بولۇش، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش دائىملىشىش ئارقا كۆرۈنۈشىدە ئىقتىسادنىڭ ئەسلىگە كېلىشى، ئېشىشىغا تۈرتكە بولۇش ھەرقايسى دۆلەتلەر ئۈچۈن بىر مۇھىم، زور تېما. جۇڭگو ئىسلاھاتنى داۋاملىق چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، سىرتقا ئېچىۋېتىش سەۋىيەسىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆستۈرۈپ، دۆلەت ئىچى، خەلقئارادىكى قوش ئايلىنىش بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈرۈشكە تۈرتكە بولىدۇ. بۇ، دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنى تېخىمۇ كەڭ بازار پۇرسىتى بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلىدا جۇڭگونىڭ ھىندونېزىيەگە مەبلەغ سېلىشى، ھىندونېزىيەنىڭ جۇڭگوغا قىلغان ئېكسپورتىنىڭ ئىككىلىسىنىڭ ۋەزىيەتكە قارشى يۈكسىلىشى ئىككى دۆلەت ھەمكارلىق ئاساسىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، ۋەزىيىتىنىڭ كۈچلۈك ئېگىلەنلىكىنى تولۇق ئىسپاتلىدى. جۇڭگو تەرەپ ھىندونېزىيە بىلەن «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش تەشەببۇسى ۋە «يەرشارىۋى دېڭىز - ئوكيان تايىنىش نۇقتىسى» تەسەۋۋۇرىنى چوڭقۇر ئۇدۇللاشتۇرۇپ، جاكارتا - ۋەنلۇڭ يۇقىرى سۈرئەتلىك تۆمۈريولى، رايون ئۇنىۋېرسال ئىقتىساد كارىدورى قاتارلىق نۇقتىلىق تۈرلەرنى ياخشى يولغا قويۇپ، خادىملارنىڭ بېرىش - كېلىش «تېز يول»ىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، تولۇق پايدىلىنىپ، ئىككى دۆلەتنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش سۈرئىتىنى تېزلىتىشنى خالايدۇ. ئىككى تەرەپ يۇقۇمدا بارلىققا كەلگەن يېڭى كەسىپ، يېڭى ئەندىزىلەرنى چىڭ تۇتۇپ، يېڭى ھەمكارلىق ساھەسى ئېچىپ، ئىككى دۆلەتنىڭ ئۆز تەرەققىياتىغا كۈچ قوشۇشى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، رايون ھەتتا دۇنيا ئىقتىسادىغا ھەرىكەت ئېنېرگىيەسى قوشۇشى كېرەك. جۇڭگو تەرەپ ھىندونېزىيەنىڭ خەلقئارا ۋە رايون ئىشلىرىدىكى ئورنى ۋە رولىغا ئەھمىيەت بېرىدۇ، ھىندونېزىيە بىلەن بىرلىكتە تىرىشىپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يادرولۇقىدىكى خەلقئارا سىستېمىنى قوغداپ، يەرشارىۋى ئىدارە قىلىشنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، خەلقئارا ئادىللىق ۋە ھەققانىيلىقنى قوغداپ، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇشنى خالايدۇ.

جوكو مۇنۇلارنى بىلدۈردى: بۇ يىل ھىندونېزىيە بىلەن جۇڭگونىڭ دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 70 يىللىقى. يۇقۇم ۋەزىيىتىدە، ئىككى دۆلەت قويۇق ئالاقىنى ساقلىدى. جۇڭگو تەرەپنىڭ ھىندونېزىيەنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇشىنى قوللىغانلىقىغا، بولۇپمۇ ھىندونېزىيە بىلەن ۋاكسىنا ھەمكارلىقىنى قانات يايدۇرغانلىقىغا رەھمەت ئېيتىمەن. ھىندونېزىيە جۇڭگو تەرەپ بىلەن سودا، سېلىنما، ئادەمىيەت قاتارلىق ھەرقايسى ساھەلەردىكى ئالاقە، ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشنى، جاكارتا - ۋەنلۇڭ يۇقىرى سۈرئەتلىك تۆمۈريول قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق پائال ئالغا سىلجىتىشنى ئۈمىد قىلىدۇ. ھىندونېزىيە جۇڭگو تەرەپ بىلەن بىرلىكتە تىرىشىپ، خەلقئارا مۇناسىۋەت ئاساسىي مىزانى ۋە رايون تىنچلىقى، مۇقىملىقىنى قوغداپ، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇشنى خالايدۇ.

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 8 - ئاينىڭ 31 - كۈنى تېلېگراممىسى** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 8 - ئاينىڭ 31 - كۈنى كەچتە ماراكەش پادىشاھى مۇھەممەد VI بىلەن تېلېفونلاشتى.

شى جىنپىڭ جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە جۇڭگو خەلقىگە ۋاكالىتەن ماراكەش ھۆكۈمىتى ۋە خەلقىدىن يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن سەممىمىي ھال سورايدىغانلىقىنى ۋە قەتئىي قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى پۈتۈن دۇنيا ئۈچۈن بىر قېتىملىق كەسكىن سىناق. جۇڭگو بىلەن ماراكەش يۇقۇم ئالدىدا جاپا - مۇشەققەتتە بىللە بولدى، مەن سىز بىلەن كۆپ قېتىم ئۆزئارا خەت ئەۋەتتۇق. جۇڭگو يۇقۇمغا تاقابىل تۇرغان دەسلەپكى مەزگىلدە، ماراكەش جۇڭگو تەرەپنى قىممەتلىك قوللاش ۋە مەدەت بىلەن تەمىنلىدى ھەم ماراكەشتە تۇرۇپ قالغان جۇڭگو پۇقرالىرىغا غەمخورلۇق قىلدى. ئوخشاشلا ماراكەشتە يۇقۇم يۈزبەرگەندىن كېيىن، جۇڭگو تەرەپ پائال تۈردە يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ماددىي ئەشيا ياردىمى بىلەن تەمىنلىدى. ھازىر، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يەنىلا كەڭ كۆلەمدە تارقىلىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ، ۋاكسىنا ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا يۇقۇم ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشىدا ئاچقۇچلۇق رول ئوينايدۇ. مەن كۆپ قېتىم ئېنىق قىلىپ مۇنداق بىلدۈردۈم: جۇڭگونىڭ ۋاكسىنا تەتقىقاتى تاماملانغان ھەم ئىشلىتىشكە كىرىشتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇنى يەرشارىۋى ئاممىۋى مەھسۇلات قىلىپ، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرگە، بولۇپمۇ ئافرىقا دۆلەتلىرىگە ئالدى بىلەن نەپ يەتكۈزۈشنى خالايدۇ. جۇڭگو تەرەپ ماراكەش تەرەپ بىلەن ۋاكسىنا تەتقىق قىلىپ ئېچىش ۋە ئىشلەپچىقىرىشتا ھەمكارلىقنى پائال ئالغا سىلجىتىشنى خالايدۇ. ئىككى تەرەپ ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن بىرلىكتە كۆپ تەرەپچىللىكنى قوغداپ، دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ رەھبەرلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشنى قوللاپ، ھەرقايسى دۆلەت خەلقىنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى ئورتاق قوغدىشى كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگو بىلەن ماراكەشنىڭ ئەنئەنىۋى دوستلۇقى چوڭقۇر، ئىككى دۆلەت ئىزچىل ئۆزئارا چۈشىنىپ، ئۆزئارا ئىشىنىپ، بىر - بىرىنىڭ يادرولۇق مەنپەئىتىگە چېتىلىدىغان ۋە كۆڭۈل بۆلىدىغان مۇھىم، زور مەسىلىلەردە بىر - بىرىنى قەتئىي قوللاپ كەلدى. جۇڭگو تەرەپ ئەمەلىي كۈچى بار جۇڭگو كارخانىلىرىنى ماراكەشكە بېرىپ مەبلەغ سېلىپ كەسىپنى گۈللەندۈرۈشكە ئىلھاملاندۇرىدۇ، ماراكەش تەرەپ بىلەن ئىككى دۆلەتنىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش ھەمدە جۇڭگو - ئافرىقا، جۇڭگو - ئەرەب دۆلەتلىرى ھەمكارلىق مۇنبىرى قاتارلىق رامكىلار ئىچىدىكى ھەرقايسى ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، يۇقۇمدىن كېيىنكى ئادەمىيەت ئالاقىسى، ھەمكارلىقنىڭ يېڭى ئۇلۇغۋار پىلانىنى ئورتاق تۈزۈپ، جۇڭگو - ماراكەش ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىدە يېڭى مول نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشنى خالايدۇ.

مۇھەممەد VI مۇنۇلارنى بىلدۈردى: 2016 - يىلى جۇڭگودا زىيارەتتە بولغاندا رەئىس شى جىنپىڭ بىلەن بىرلىكتە ماراكەش - جۇڭگو ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتى ئورناتقانلىقنى ئورتاق جاكارلىغىنىمىز ھېلىمۇ ئېسىمدە. ماراكەش تەرەپ جۇڭگودەك ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھنىڭ بولغانلىقىدىن ئىنتايىن خۇشال. دەل جۇڭگو بىلەن بولغان ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىقنىڭ پايدىسىدا، ماراكەش تەرەپ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ياخشى تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇردى. ماراكەش تەرەپ جۇڭگونى ئەڭ ئالدىن ھەمكارلىشىش يۆنىلىشى قىلىدۇ، ئىككى تەرەپنىڭ ئىقتىساد - سودا، پەن - تېخنىكا قاتارلىق ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىشنى ئۈمىد قىلىدۇ. ماراكەش تەرەپ جۇڭگو تەرەپنىڭ ئۆزىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، خەۋپسىزلىكى قاتارلىق يادرولۇق مەنپەئىتىنى قوغداشتىكى ھەققانىي مەيدانىنى قەتئىي قوللايدۇ. جۇڭگو تەرەپنىڭ ماراكەش تەرەپنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشىنى قىممەتلىك قوللاش بىلەن تەمىنلىگەنلىكىگە رەھمەت ئېيتىمەن، جۇڭگو تەرەپ بىلەن بولغان ۋاكسىنا تەتقىق قىلىپ ئېچىش، سىناپ بېقىش ۋە ئىشلەپچىقىرىش ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىشنى ئۈمىد قىلىمەن.